## 105437 ـ ياشاشتىن بىزار بولۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش ھەققىدە

### سۇئال

بىر كىشى ھاياتلىقتىن بەك بىزار بولۇپ ياخشىلىق ئۈمىت قىلىپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۆلۈم تىلىسە توغرا بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

مۇسۇلمان ئۆچۈن دۇنيادىن بىزار بولۇپ ئاللاھ تەرەپتىن كىلىدىغان ياخشىلىق ۋە خۇرسەنلىكتىن ئۈمىدسىزلىنىش توغرا ئەمەس. ئاللاھنىڭ تەقدىر بەلگىلىمىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا سەبرى قىلىش، دۇچكەلگەن بالا ـ مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئاللاھ دىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىش، بۇنى ئاسانلاشتۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىش، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم سوراش ۋە ئاللاھنىڭ ئاسانلاشتۇرۇشىنى كۈتۈش كىرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار، مۇسۇلمان مەلۇم كىسەللىك ياكى باشقا ھادىسىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە بۇخارىي ـ مۇسلىمدا بايان قىلىنغان ھەدىستە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «كىشى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر بەك ئارزۇ قىلىشنى خالىسا، "ئى ئاللاھ! مەن ئۈچۈن ھاياتلىق ياخشى بولسا مىنى ھايات قالدۇرغىن، ئەگەر مەن ئۈچۈن ئۆلۈم ياخشى بولسا مىنى ۋاپات قىلدۇرغىن" دىسۇن.

بۇ ھەدىستە، ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش ئىپادىلىنىدۇ. مۇسۇلمان بۇ دۇنيادا دۇچ كەلگەن بالا ـ مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئۆچ كۆرمەي سەبىر قىلىپ ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىت قىلسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، قەلبى غەپلەتتىن ئويغىنىدۇ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىبرەت بولىدۇ.

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئال ـ شەيخ

شەيخ سالىھ ئىبنى پەۋزان ئەلپەۋزان

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى پەتىۋالار توپلىمى 25-توم 398-بەت